# قۇرۇلما ساياھەتنى چۆرىدەپ تەڭشەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## قۇرۇلما تەڭشىلىپ، ساياھەتچىلىك «تۇۋرۇك»كە ئايلاندى

بۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلارنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىياتىدىكى بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات ——

بۇرچىن ناھىيەسى: 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 7 مىليون 794 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، 9 مىليارد 40 مىليون يۈەن ساياھەت ئۇنىۋېرسال كىرىمى يارىتىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم 42.1% ۋە 68.8% ئاشتى؛ ساياھەتكە تايىنىپ كەسىپكارلار 18 مىڭغا يېتىپ، ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 50%ىنى ئىگىلىدى، ساياھەت كىرىمى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 50%ىنى ئىگىلىدى؛ جەلپ قىلىنغان جەمئىيەت كاپىتال سېلىنمىسى 14 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۇراقلىق مۈلۈك ئومۇمىي سېلىنمىسىنىڭ 82%ىنى ئىگىلىدى؛

تېكەس ناھىيەسى: 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 3 مىليون 210 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، 2 مىليارد 600 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى يارىتىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم 52% ۋە 54% ئاشتى؛ ساياھەتتە بىۋاسىتە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 23 مىڭغا يەتتى؛ جەلپ قىلىنغان جەمئىيەت كاپىتال سېلىنمىسى 15 مىليارد يۈەنگە يەتتى؛

ئارشاڭ ناھىيەسى: 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 2 مىليون 60 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، 3 مىليارد 90 مىليون يۈەن ساياھەت ئۇنىۋېرسال كىرىمى يارىتىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم 87.3% ۋە 121% ئاشتى.

...

يۇغۇرۇشقا باب كەلسىلا يۇغۇرۇلدى، يۇغارغىلى بولسىلا تولۇق يۇغۇرۇلدى. ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ساياھەتچىلىكنى تۈۋرۈك كەسىپ سۈپىتىدە نۇقتىلىق بەرپا قىلدى، ساياھەتچىلىكنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەردىكى سالمىقى تېز ئاشتى. بولۇپمۇ ساياھەت بايلىقى نىسبەتەن مول رايونلار ساياھەتچىلىكنى نۇقتىلىق كەسىپ سۈپىتىدە كۈچلۈك قوللاپ يېتىلدۈرۈپ، قۇرۇلمىنى ساياھەتنى چۆرىدەپ تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىپ، رايون بايلىقىنى ئورگانىك بىرىكتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك بوشلۇقىغا قاراپ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولۇپ، «ھەممىلا يەردە مەنزىرە بولۇش، ھەممىلا ۋاقىتتا مەنزىرە بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ساياھەت بايلىقى مول بولغان بۇرچىن ناھىيەسى «ساياھەتچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، 1 ـ كەسىپكە تەسىر كۆرسىتىش، 2 ـ كەسىپكە تىرەك بولۇش»تەك تەرەققىيات پىكىر يولىنى بېكىتىپ، «مەنزىرە بىلەن شەھەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئوقنى بويلاپ ئېچىش، كۆپ نۇقتىدىن كۆچەش، مارجاندەك تۈتاشتۇرۇش» ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇردى؛ تېكەس ناھىيەسى ناھىيە، يېزا، كەنت «ئۈچ دەرىجىلىك شۇجىلار» پۈتۈن رايون ساياھىتى خىزمىتىنى تۇتۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تارىخىي مەدەنىيەت داڭلىق شەھىرى ۋە دۇنياۋى مىراس يېردە ساياھەت كەسپى مۇھىم ئامىللىرىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، «سەپەرنى تېزلىتىپ ساياھەتنى ئالدىرىماي قىلىش» ساياھەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، مەنزىرە بىلەن شەھەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، كەسىپ بىلەن شەھەرنى يۇغۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى... ھەرقايسى جايلار بايلىق توپلاش، قۇرۇلما تەڭشەش ئارقىلىق، «ساياھەت +» كەسپىنىڭ تۈرتكىلىك ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ساياھەت + زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى»نى ئىنچىكە ئىشلەپ، «ساياھەت + مەدەنىيەت»نى چوڭقۇر ئىشلەپ، «ساياھەت + ساغلاملىق، كۈتۈنۈش»نى يېڭىدىن ئىشلەپ، ساياھەت كەسپىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، سىڭىپ كىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساياھەت كەسىپ زەنجىرىنى ھەر تەرەپلىمە، يوچۇقسىز بەرپا قىلىپ، A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنى يادرولۇق نۇقتا، يېزا ـ كەنت ساياھىتى تەرەققىيات ئاساسى ئۇقۇلغان، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەر يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرغان كەسىپ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، ساياھەتچىلىكنىڭ «بىر كەسىپ گۈللىنىسە ھەممە كەسىپ گۈللىنىدىغان» باشلامچىلىق، تۈرتكىلىك رولى كۈنسېرى گەۋدىلەندى.

## «بوشلۇق» تەڭشىلىپ، ھەممىلا جايدا مەنزىرە بار بولدى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئېگىنبۇلاق يېزىسى يۆلياڭدى كەنتىگە كەلگىنىمىزدە، ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تەبىئىي مەنزىرە بىر گەۋدىلەشكەن ئەنئەنىۋى كەنت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

يەن شياڭفۇ يۆلياڭدى كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، شۇنداقلا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ يۇقىراۋى قونالغۇ سالغان كەنت ئاھالىسى ئىدى. ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: يۆلياڭدى كەنتىگە بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ساياھەتچىلەر كېلىدۇ. ساياھەتچىلەر سەھرا مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، دېھقانلار قونالغۇسىدا قونۇپ، بىرنەچچە ۋاق مەززىلىك دېھقان تامىقى يەپ، يەرلىك بىرقانچە شىنجاڭ كۈيىنى ئاڭلاپ، «ساياھەت قىلىشقا باب كېلىش، ياشاشقا باب كېلىش» جەريانىدا تېپىلغۇسىز سەھرا مەنزىرىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

«ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسى ۋە پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىيات يىرىك پىلانىنىڭ تۈرتكىسىدە، قەدەمدىن تارتىپ «تىيانشاننىڭ شەرقىي دەرۋازىسى، بېشبالىق قەلئەسى» دەپ نام ئالغان مورى «تىياشاننى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش — پۈتۈن مەنزىرىلىك شىنجاڭ» سەرخىل لىنىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن مۇھىم بېكەتكە ئايلاندى، بۇ، مورىنىڭ ساياھەتچىلىكنى ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈك كەسىپ قىلىپ بەرپا قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتتى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە خاس ساياھەت يېزا ـ بازىرى، خاس كىچىك بازار، گۈزەل يېزا ـ كەنت، خاس كوچا رايونى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرى «نۇقتا» قىلىنىپ، بەنشەن ساياھەت تاشيولى، يېشىل كارىدور «لىنىيە» قىلىنىپ، ئۆل ئەسلەھە، ئاممىۋى مۇلازىمەت «دائىرە» قىلىنىپ، «نۇقتا، لىنىيە، دائىرە» ئارقىلىق پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش پىلانى بېكىتىلدى، «مەنزىرە بىلەن شەھەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، مەنزىرە بىلەن كەنتنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش، مەنزىرە بىلەن كەسىپنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىش»تەك پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىيات ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەمۇرىي رايون چېگراسى ۋە ساھە قورغىنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، زور كۈچ بىلەن قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، شىنجاڭ ئىچىنى تۇتاشتۇرۇپ راۋانلاشتۇرۇش، رايون ساياھىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى بوشلۇقنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. كۆلەملەشكەن، يۇقىرى ئۈلچەملىك، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بىر تۈركۈم ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تۈتقا قىلىندى، دۆلەت 4A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونى 100دىن ئاشتى؛ «S101 تىيانشان جۇغراپىيەلىك رەسىم كارىدورى، تاشقورغان ـ يەكەن قەدىمىي يولى، چېشى قەدىمىي يولى» قاتارلىق سەرخىل ساياھەت لىنىيەلىرىنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، «ئۈچ ئايلانما، بىر لىنىيە» ساياھىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى؛ شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارغا قارىتا، شەھەر دەم ئېلىش ساياھىتى لىنىيەسى، دەم ئېلىش كۈنى ئىستىراھەت ساياھىتى لىنىيەسى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى ساياھىتى ۋە ئالاھىدە ساياھەت لىنىيەلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى؛ تۆمۈريول، تاشيول ۋە لىنىيە بويىدىكى بايلىققا تايىنىپ، تۆمۈريول ساياھىتى سەرخىل لىنىيەسى ۋە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش سەرخىل لىنىيەسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھىتىدىكى كەمتۈكلۈكنى نىشانلاپ، «قەشقەر قەدىمىي شەھىرى ـ تاشقورغان ـ يەكەن ـ مارالبېشى ـ ئاتۇش ـ قەشقەر» ساياھەت ئايلانما لىنىيەسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، رايون ساياھىتى قۇرۇلمىسىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەنزىرە رايونى، ئىستىراھەت رايونى، مال سېتىۋېلىش رايونى، كىچىك بازار، دالىدا قونۇش ئورنى، يېشىل يول قاتارلىق كۆپ ئىقتىدار بىرلەشتۈرۈلگەن چوڭ ساياھەت مەنزىلگاھى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلىنىپ، پۈتۈن رايون «ياشاشقا باب كېلىش، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىش، ساياھەت قىلىشقا باب كېلىش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## ئاۋات پەسىل بىلەن كاسات پەسىل تەڭشىلىپ، «تۆت پەسىل ناخشىسى» ياڭرىتىلدى

ھەر يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايغىچە، يېرىم يىلغا سوزۇلغان قىش، ئەتىياز پەسلى ئىلگىرى شىنجاڭ ساياھىتىدىكى كەمتۈكلۈك ئىدى. «كاسات پەسىلدىمۇ كاسات بولماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز قىش، ئەتىياز پەسىللىك ساياھەت تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ «تۆت پەسىل ناخشىسى»نى ياڭراتتى.

قار ـ مۇزلۇقمۇ بايلىق. قىش پەسىللىك ساياھەت ئۆتكىلىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش جېڭى ئالدى بىلەن قار ماكانى ئالتايدا باشلاندى. ئالتاي ۋىلايىتى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە قىش پەسىللىك ساياھەتتە ئادەم سانىنى ياز پەسىللىك ساياھەتنىڭكىدىن ئاشۇرۇپ، يازدا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدىغان، قىشتا چۆلدەرەپ قالىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ياز پەسىللىك، قىش پەسىللىك ساياھەتتىن ئىبارەت ئىككى قانىتىنى تەڭ پەرۋاز قىلدۇرۇپ، بىر پەسىللىك ساياھەتتىن تۆت پەسىللىك ساياھەتكە يۈكسىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئالتاينىڭ قار ـ مۇز ساياھىتىنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئالتايلىقلار كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. تور ۋە تور سىرتى ماركېتىڭى، ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىلغان شەھەرلەر ماركېتىڭى، بايراملىق ماركېتىڭ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ماركېتىڭى، نەق مەيدان ماركېتىڭى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلنى تەڭ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

جاپانىڭ تېگى ئالتۇن. 2018 — 2019 يىللىق قىش پەسىللىك ساياھەت مەزگىلىدە، ئالتاي ۋىلايىتىدە قىش پەسلىدە مېھمانسارايلارنىڭ خېرىدارلار بىلەن تولۇش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى بولۇپ، ئالتاي شەھىرىنىڭ قىش پەسىللىك ساياھىتىدە ئادەم سانى تۇنجى قېتىم ياز پەسلىنىڭكىدىن ئېشىپ، ئالتاينىڭ قىش پەسىللىك ساياھىتى قىزغىنلىق دەرىجىسى جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئۈچنىڭ ئىچىگە كىردى، ئالتاي شەھىرى يەنە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «2018 ـ يىللىق ئون ياخشى قار ـ مۇز ساياھىتى شەھىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

ئالتاينىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈنۈمى ئېففېكتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ پۈتۈن رايون، پۈتۈن ۋاقىت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەك ھەممىدە قارامايى قاتارلىق بىرقانچە چوڭ قار ـ مۇز ساياھىتى تەۋەلىك رايونى شەكىللەندى؛ ھەرقايسى جايلاردا مۇز ئويما كۆرگەزمىسى، مۇز چىراغ سەيلىسى ھەم قار ـ مۇز سەيلىسى، قىشلىق بېلىق تۇتۇش بايرىمى، يېڭى يىلنى تەبرىكلەش قار ـ مۇز پائالىيىتى، قار ـ مۇز دۇنياسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئالاھىدە جانلىنىپ، ئىلگىرى چۆلدەرەپ قالغان زامان ـ ماكان ئەندىزىسى قىزىپ كەتتى.

«ئون چاقىرىملىق شاپتۇل چېچىكىدە قىزاردى بارچە، شامال چىقىپ خۇش پۇراقتا تولدى ھەممە يەر.» ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە ئۆرۈك چېچىكى، شاپتۇل چېچىكى ۋە تاغ ـ دالىلارنى قاپلىغان تاغ گۈللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىپ، ساياھەتچىلەرنى بەس ـ بەستە جەلپ قىلىدۇ. ئىككى يىلدىن بۇيان، قۇرۇلما ساياھەتنى چۆرىدەپ تەڭشىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆت پەسىللىك ساياھەت تەمىناتى تەڭپۇڭلۇشقا باشلىدى، شىمالىي شىنجاڭ قىش پەسىللىك قار ـ مۇز مەنزىرىسى ساياھىتىنى نۇقتىلىق ئاچتى ۋە يۇرۇشتۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭ قۇملۇق مەنزىرىسى، تارىخىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ساياھىتىنى نۇقتىلىق يېتىشتۈردى، ئەتىياز پەسىللىك «چېچەك ساياھىتى» ۋە ئالتۇن كۈزدىكى توغراق فوتو سۈرەت ساياھىتىنىڭ سۈپىتىنى بېيىتتى ۋە ئۆستۈردى.

«شەھەر بىلەن يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، مەنزىرە بىلەن شەھەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، پۈتۈن رايون بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، تۆت پەسىللىك ئىستىراھەت» پىكىر يولى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىز «پۈتۈن مەنزىرە شەكىلدە پىلانلاش، پۈتۈن پەسىلدە ھۇزۇرلىنىش، پۈتۈن جەمئىيەت قاتنىشىش، پۈتۈن كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت قىلىش، پۈتۈن رايون بويىچە باشقۇرۇش»نى تەرەققىيات يولى، يادرولۇق مەنزىرە رايونلىرى، مۇھىم، زور تۈرلەرنى ۋاسىتە قىلىپ، ساياھەت كەسىپ زەنجىرىنى ئىلمىي بەرپا قىلىپ، يۇغۇرما تەرەققىياتنىڭ يېڭى تەدبىرى، يېڭى مېخانىزمى، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، دەسلەپكى نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، شۇ يىللىق پۈتۈن مەملىكەت خام نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 21%ىنى ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن.

60 يىلدىن بۇيان، نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ تۆھپە قوشۇشىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى «دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش»تەك نېفىت روھى، تۆمۈر ئادەم روھىنى نامايان قىلىپ، چۆل ـ جەزىرىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلۇق مەرۋايىتقا ئايلاندى. 1978 ـ يىلى، سىجىل، ئۆزلۈكسىز تىرىشىش ۋە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىنىڭ خام نېفىت مەھسۇلاتى 2 مىليون توننىدىن ئېشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئېلىش زاۋۇتىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى ئۇدا 19 يىل مۇقىم ھالدا 2 مىليون توننىدىن ئارتۇق مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشتەك مۆجىزىنى ياراتتى.

خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەدرىجىي كېمىيىشى ساقلانغىلى بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ، 1997 ـ يىلدىن كېيىن نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى بىر مەھەل مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 2007 ـ يىلى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى كونا رايونلارنى 2 ـ قېتىم ئېچىش «بىرلەشمە جېڭى»نى باشلىدى، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. 2010 ـ يىلى، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىنىڭ يىللىق خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 16 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئاردىن 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن خام نېفىتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى قايتىدىن 2 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىنىڭ كۈندىلىك خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى 7500 توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. زاۋۇت باشلىقى لى خۇڭۋېي مۇنداق دېدى: «بۇ، قارامايدىكى نەچچە ئەۋلاد نېفىتچىلارنىڭ جاپالىق تەرى بەدىلىگە كەلگەن نەتىجە، تېخىمۇ مۇھىمى، 2 ـ زاۋۇتتىكى نەچچە ئەۋلاد كىشى كونا نېفىتلىكنى چوڭقۇر قېزىپ ياراتقان نېفىت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش يولى».

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ، شىنجاڭ نېفىتلىكىدە ئالدى بىلەن «ئۈچ نىسبەت» بويىچە باھالاش، باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، «ياخشى سۇغا ياخشى نېفىت ئالماشتۇرۇش»نىڭ بىر يۈرۈش چارىسى ھەممىدە كونا رايوندىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدىنىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى ئۈلگە سۈپىتىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى نېفىتلىكلەردە كېڭەيتىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تېلېفوندا خەلق رايىنى ئاڭلاپ، مۇلازىمەت داۋامىدا خەلقنى غەمدىن خالاس قىلدى.

ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى، 12320 سەھىيە قىزىق لىنىيەسى، ئەرزىيەت قىزىق لىنىيەسى، شەھەر باشلىقى قىزىق لىنىيەسى، توردىكى ئەرز ـ شىكايەت سۇپىسى قاتارلىقلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، قىزىق لىنىيە تېلېفونىدىن جەمئىي 3622نى ئورنىتىپ، ئاممىدىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلىشقا مەخسۇس خادىم ئورۇنلاشتۇردى. خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ھەرقايسى كەسىپلەرگە مەسئۇل تارماقلارنىڭ تېلېفوننى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ تېلېفوندا سورىغان سوئاللىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاۋاب بەردى. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ 96556 مەخسۇس لىنىيە تېلېفونىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سەككىز گۇرۇپپا تېلېفون لىنىيەسى تەسىس قىلىپ، 24 تېلېفونىست ئورنىنى كۆپەيتىپ، پورتقا كىرىپ چىقىدىغان يولۇچىلارنىڭ مەسلىھەت سوراش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

«ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر ئاساسلىقى سىياسەت جەھەتتىن مەسلىھەت سوراش، تېببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش، سەپەرگە چىقىش، ئەرز ـ شىكايەت قاتارلىق بىرقانچە جەھەتكە مەركەزلەشكەن، بۇنىڭغا قارىتا ئاپتونوم رايون ‹توپلاش — تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش — ھەل قىلىش — قايتما ئىنكاس قىلىش — باھالاش›تىن ئىبارەت يېپىق ھالقىلىق بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى شۇ لۇڭجاڭ.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەلىرى ئاممىدىن كەلگەن جەمئىي 102 مىڭ قېتىملىق تېلېفوننى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كونكرېت قىيىنچىلىق، ئارزۇ ـ تەلەپكە چېتىلىدىغىنى 774 بولۇپ، بېجىرىلىش نىسبىتى 100% بولدى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەردىكى ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەلىرى ئاممىدىن كەلگەن جەمئىي 1 مىليون 250 مىڭ قېتىملىق تېلېفوننى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كونكرېت قىيىنچىلىق، ئارزۇ ـ تەلەپكە چېتىلىدىغىنى 1 مىليون 233 مىڭ بولۇپ، بېجىرىلىش نىسبىتى 98.65% بولدى.

شۇ لۇڭجاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايون ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسىگە ئالاقىدار مۇلازىمەت خىزمىتىنى سىجىل ياخشىلايدۇ، بىرىنچى، قوبۇل قىلىپ تېلېفون ئېلىش، جاۋاب بېرىپ بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تەكشۈرۈپ دەلىللەپ ھەل قىلىش، قايتما ئىنكاس قىلىپ قايتا زىيارەت قىلىش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، خىزمەت يېپىق ھالقىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ ئىككىنچى، سىنىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسىدە ئىنكاس قىلىنغان تىپىك مەسىلىلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، «كېسىش ئېغىزى كىچىك» «ئۈنۈمى زور» بولۇشتەك ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، سىجىل ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەممە ئىشنى ھەل قىلىش، ھەممە ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ تۆتىنچى، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى ۋە ساھە تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپى، تەكلىپىدىن پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ بەشىنچى، قىسمەن ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەردىكى قىزىق لىنىيە تېلېفونىغا تېلېفون بېرىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، مۇۋاپىق پەيتتە مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، بولۇپمۇ داۋالاش، ئوقۇش قاتارلىق مەخسۇس تۈر مۇلازىمەتلىرىنى يولغا قويۇپ ھەم جەمئىيەتكە ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ مۇۋاپىق ئارزۇ ـ تەلىپىنى جەزمەن ھەل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن سەككىز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 666، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 189 بولۇپ، جەمئىي 855.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)